## 105452 ـ تۇرالغۇ جاي قىلىش ھەج قىلىشتىن ئىلگىرى تۇرىدۇ

### سۇئال

مەن ئايالىم بىلەن يەمەندە ياشايمەن، ھازىرغىچە يۇرتۇمدا ئۆي سېتىۋالمىدىم، مەلۇم مىقداردا ئىقتىسادىم بار، ھازىرغىچە ھەج قىلمىدىم، يېنىمدا ئىقتىساد بار ۋاقىتتا تېزدىن ھەج قىلىۋېلىشىم كېرەكمۇ ياكى ئالدى بىلەن ئۆي سېتىۋېلىپ، كېيىن ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندا ھەج قىلساممۇ بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا پەرز ھەجنى ھەج قىلىشقا شەرت ـ شارائىتلىرى تولۇقلانغان كىشىلەرگە پەرز قىلدى. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلِلَّـهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًاتەرجىمىسى: قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. [سۈرە ئال ـ ئىمران97 ـ ئايەت]. يەنى ھەجگە بېرىپ قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ھەجگە بېرىپ كېلىشىگە يەتكۈدەك، شۇنداقلا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىراجەتلىرىگە يېتىپ ئاشقىدەك مەلۇم مىقداردا ئىقتىسادقا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

مادامىكى قولۇڭلاردىكى مەبلەغ سىلەرنىڭ تۇرالغۇ جاي سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت زۆرۈر بولغان ئېھتىياجىڭلارغا يېتەرلىك بولمايدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۆزۈڭلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىڭلاردىن ئېشىنمىغۇچە قەدەر سىلەرگە ھەج پەرز بولمايدۇ. زۆرۈر ئېھتىياجلىرىڭلاردىن ئېشىنغاندىن كېيىن، شۇنداقلا، تۇرالغۇ جاي سېتىۋېلىشىڭلار، پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ نەپىقىسى ۋە سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەرگە نەپىقىسىنى بېرىش ۋاجىپ بولغان كىشىلەر قاتارلىقلارنىڭ ئېھتىياجىدىن ئوشۇنغاندىن كېيىن ھەج قىلساڭلار بولىدۇ، بولمىسا سىلەرگە ھەج پەرز بولمايدۇ.